# 13733 ـ ئالتۇن ۋە كۆمۈش قاچا ـ قۇچىلارنىڭ چەكلىنىشى

## سوئال

بۇ كۈنلەردە باي كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن ۋە كۆمۈش قاچا ـ قۇچىلارنى ئىستېمال قىلىش كەڭ تارقالدى . بەلكى ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، بەزىلەر مۇنچا جۆمىكى ۋە ئۇنىڭ مۇقىم قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى ھەممىسى ساپ ئالتۇندىن بولغان بىر يۈرۈشلىرىنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ ، ھەمدە ئۇلار بۇ ئالتۇننىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ باھاسىغا قاراپ قويمايدۇ . مەلۇمكى ، بۇ بولسا چەكلەنگەن . ئەمدى سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق ؟ بۇ ھۆكۈمنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سودىسىدىن چەكلەش مۇمكىنمۇ ؟ ئاللاھ سىلەرنى قۇتلۇق قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئالتۇن ۋە كۆمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار تېكىست ۋە ئىجمائ بىلەن ھارام قىلىنغان نىمە بولۇپ ، ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەنلىكى ئىسپاتلانغان : سىلەر ئالتۇن ۋە كۆمۈش قاچىدا ئىچمەڭلار ، ۋە ئۇلاردىن ياسالغان تاۋاقلاردا يىمەڭلار . چۈنكى ئۇلار دۇنيادا ئۇلار ئۈچۈن ، ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈن . [ بۇ ھۇزەيفىنىڭ ھەدىيسى بولۇپ ، سەھىيلىكىگە بىرلىككە كىلىنگەن .] شۇنداقلا يەنە ، ئۇنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەنلىكى نەقىل قىلىنغان : ئالتۇن ۋە كۆمۈش قاچىدا يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان كىشى ، پەقەت دوزاخ ئوتىنى قورسىقىغا سالىدۇ . [ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھەدىيسى بولۇپ ، ئۇنىڭ سەھىيھلىكىگە بىرلىككە كىلىنگەن . ھەمدە سۆزى مۇسلىمنىڭ . ]

شۇڭا ئالتۇن ۋە كۆمۈشتىن قاچا ـ قۇچا ياساشقا بولمايدۇ ، ۋە ئۇنىڭدا يېيىشكە ياكى ئىچىشكە بولمايدۇ ، ۋە شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا تاھارەت ئېلىش ۋە يۇيۇنۇشقا بولمايدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەردىن ( ئاللاھنىڭ تەرپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان ھەدىيسنىڭ تېكىستى بىلەن ھارام قىلىنغان . ھەمدە مۇسۇلماننىڭ ئۇلارنى ئىستېمال قىلماسلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ سودىسىنى چەكلەش ۋاجىپ . ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇلارنى ئىستېمال قىلىشنى ھارام قىلدى ، شۇڭا ئۇ ئىچىشتە ، ياكى يېيىشتە ۋە ياكى باشقىلىرىدا ئۇلارنى ئىشلەتمەيدۇ ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇلاردىن قوشۇقلار ، ياكى قەھۋە ئىستاكانلىرى ۋە چاي پىيالىلىرىنى ياساشقا بولمايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن ؛ چۈنكى ئۇلار قاچا ـ قۇچىلارنىڭ بىر تۈرى .

مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ چەكلىگەن نىمىدىن ھەزەر ئەيلىشى ۋە ئىسراپ قىلىش ، بۇزۇپ چېچىش ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى ئويناشتىن يىراقلىششى ۋاجىپ . ئەگەر ئۇنىڭ پۇل ـ مىلى كۆپ بولسا ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە كەمبەغەللەر بار ،ئۇلارغا سەدىقە قىلسۇن ، ئۇنىڭ قېشىدا ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچىلار بار ، ئاللاھ يولىدا ئۇلارغا بەرسۇن ، لىكىن پۇل ـ مالنى ئويىنمىسۇن . چۈنكى

ئۇنىڭ بايلىقىغا مۇھتاجلار بار .

مۇئمىن پۇل ـ مىلىنى خەيرىلىك يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ۋاجىپ ، مەسىلەن ، كەمبەغەل ۋە مۇھتاجلارغا بىرىش ، مەسچىتلەر ۋە مەكتەپلەرنى سىلىش ۋە رىمونت قىلىش ، يوللار ۋە كۆۋرۈكلەرنى ياساش ، مۇجاھىدلار ۋە نامرات كۆچمەنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە باشقا يوللار ، مەسىلەن ، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارنىڭ قەرزىنى تۆلىۋىتىش ، توي قىلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلارنىڭ توي قىلىۋىلىشىغا ياردەم قىلىش قاتارلىقلار . بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا خىراجەت قىلىش بەلگىلەنگەن خەيرلىك يوللىرى .

پۇل ـ مالنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلار ياكى قوشۇقلار ، ياكى ئىستاكانلار ،ياكى مۇنچا قۇرۇلمىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نىمىلەرنى سىتىۋىلىش بىلەن ئويناش بولسا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش ۋە ھەزەر ئەيلەش ۋاجىپ بولغان يامان ئىش . ھەمدە بۇ ئىش مەۋجۇت دۆلەتلەردە ئالىملار ۋە ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت ئورنى بار كىشىلەر ئۇنى ئىنكار قىلىشى ھەمدە بۇ ئىسراپچىلىق بىلەن ئىسراپخورلار ئارىسىدا توسالغۇ بولىشى كىرەك . ھەمدە ئاللاھ بولسا بىز ياردەم سورايدىغان زات .

مجموع فتاوى ومقالات متنوعة للشيخ ابن باز 6/378